# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دائەكس ئەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىق مەدەنىيىتى

## “突厥语大词典”中展现出来的维吾尔族的马文化

**ئىسمائىل ئابدۇرېھىم**（司马义.阿不都热依木）
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2003- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت سىنىپى، ئۈرۈمچى 830046 )
（新疆大学人文学院 2003 级硕士研究生班，乌鲁木齐，830046）

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئاتچىلىق مەدەنىيىتىگە ئائىت سۆزلەرنى توپلاپ چىقىپ، 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىق مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان بەلگىلەر سىستېمىسى، مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى. تىل مەدەنىيەت بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، تىل بولمىسا مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن تىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. تىل مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇ خۇددى ئەينەككە ئوخشاش مىللەتنىڭ پۈتۈن مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلدا مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنىشى ۋە ياشاش ئادەتلىرى ساقلانغان بولىدۇ.

تىل مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ۋاستىچىسى. جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا مەدەنىيەت تىلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل تەسىر ئالدى بىلەن سۆزلۈكتە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. تىلنىڭ قورۇلۇش ماتېرىيالى بولغان سۆزلۈك مەدەنىيەتنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئىنكاسى ئەڭ كەڭ دائىرىلىك، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ تېز.

ئۇيغۇر مىللىتى ئەزەلدىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك چارۋىچىلىق ھاياتىدا پارلاق

چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى «يايلاق- سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈيدۇ....چارۋىنىڭ گۆشى، سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسىدىن كىيىم - كېچەك قىلىدۇ» دەپ ئەينەن خاتىرىلەنگەن.

ئاتچىلىق مەدەنىيىتى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان. ئات چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىكى ئاساسلىق بايلىق. ئات دۇنيادائەڭ بالدۇر ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆندۈرۈلگەن دەپ قارىلىدۇ. (چيەنداۋ شىنىسى: يىپەك يولىدىكى 99 سىر) خەنزۇچە مەنبەلەردە، ئەجدادلىرىمىز يېتىشتۈرگەن ئاتلارنىڭ «ئىلاھى ئات» «ئۇيغۇر ئېتى» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ئۆستۈرۈشتىكى ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئاتنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئىشلەتكەن، ئاتلىق ئوۋ قىلغان، ئاتلىق يول يۈرگەن، ئاتلىق جەڭ قىلغان، مال پادىلىرىنى ئاتلىق باققان. قىسقىسى، ئات ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

بۇ ماقالىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئاتچىلىق مەدەنىيىتىگە ئائىت سۆزلەرنى توپلاپ چىقىپ، 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىق مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركى قەبىلىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، تارىخ، مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن كلاسسىك قامۇس. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، شۇ دەۋردىكى دىنىي- ئېتىقادى، ئۆرپ- ئادىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنى بىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئومۇمىي سۆز 7500، ئاتچىلىققا ئائىت سۆزلەر 112 بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئاتچىلىق مەدەنىيەت تارىخىنى بىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال، بۇ سۆزلەر تارىخي مەنبەلەرنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنى تولۇقلىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

ئات ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللىگەچكە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ‹قۇش قاناتىن ئەر ئاتىن›(قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن)(1- توم 48 - بەت ) دېگەن ماقال بىلەن تەرىپلىنىدۇ. ئات ئۇيغۇرلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش قورالى. تارىختا ئاتنىڭ ئاز كۆپلۈكى، سەرخىل ياكى ئەمەسلىكى شۇ قەبىلىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئاتنى دۆلەتكە ئوخشاش مۇھىم دەپ بىلگەن. «دىۋان»نىڭ تۆۋەندىكى قىسمى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

‹ئەل› ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى، ئات تۈركلەرنىڭ قانتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ئەل دەپمۇ ئاتايدۇ، ئاتباقارنى ئەل باشى دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن، بۇ ۋىلايەت باشلىقى دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئاتباقار دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ. (1-توم 68- بەت)

11- ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئاتچىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئاتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: جىنسى، يېشى جەھەتتىن:

‹ئازغىر› ئايغىر(1- توم 129- بەت)

‹بى› بىيە، بايتال (3- توم 286- بەت )

‹تاي› تاي.(3- توم 216- بەت)

‹سىپ› ئىككى ياشقا ماڭغان تاي.(1- توم 418- بەت)

‹ئارقۇن› ئارغۇن، شالغۇت. ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئۈزۈپ چىقىدۇ.(1- توم 146- بەت)

‹قىسراق› تۇغمىغان بايتال ‹قىز بىرلە كۈرەشمە، قىسراق بىرلە يارىشما› قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما. (1- توم 619- بەت)

‹قۇلانچى قىسراق› بوغاز بايتال. (1- توم 639- بەت)

ئىشلىتىلىشى، رولى جەھەتتىن:

‹ئىقىلاچ› يۈگۈرۈك ئات. ‹ئالپ ئەرىگ ياۋرىتما ئىقىلاچ ئارقاسىن ياغرىتما› باتۇرلارنى خور قىلما، يۈگۈرۈك ئاتنى يېغىر.(1- توم 187- بەت)

‹كەۋەل ئات› يورغا ئات(1- توم 513- بەت)

‹ئەرىك يىلقى› يورغا يىلقا(1- توم 95- بەت)

‹قوش ئات› خاننىڭ يېنىدا ماڭىدىغان يېتەك ئات(3- توم 174- بەت)

‹ئۇزۇق ئات› ئۇزار ئات، بەيگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا باشقا ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات.(1- توم 90- بەت)

‹ئۇلاغ› ئۇلاغ، بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈرۈدىغان تېز پوچتىنىڭ بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى. (1-توم 165- بەت)

‹ئۆكۈش يىلقى› تۇسۇن يىلقا(1- توم 84- بەت)

‹توسۇن› مىنىلمىگەن تاي(1- توم 523- بەت)

‹سالغا ئات› ئاغزى قاتتىق ئات(1- توم 554- بەت)

‹توقۇم› سويۇلىدىغان ئات.(1- توم 515- بەت)

‹چۇفغا› تېز يۈرەر پوچتىچىنىڭ يولدا ئالماشتۇرىدىغان ئېتى. مەلۇم مەنزىلگە بارغاندا، ئورنىغا باشقىسىنى مىنىپ كېتىدۇ.(1- توم 553- بەت)

‹تۇغزاغ› ئۇرۇش ۋاقتىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئات.(1-توم 603- بەت)

‹يۇگرۇك ئات› يۈگۈرۈك ئات، بەيگىدە ئۇزۇپ چىقىدىغان ئات.(3- توم 60- بەت)

‹يورىغا› يورغا ئات. (3- توم 240- بەت)

رەڭگى جەھەتتىن:

‹قۇبا ئات› قۇلا ئات ، رەڭگى سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات. (3- توم 299- بەت)

‹قۇلا› قۇلا ئات(3- توم 321- بەت)

‹تىش ئات› قاشقا ئات ، قاشقىسى كۆزىگىچە بارغان، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، بۇرنىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات.(3- توم 173- بەت)

‹تىغ ئات› قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات.(3- توم 176- بەت)

‹بويىمال ئات› بويىندا ئېقى بار ئات.(3- توم 242- بەت)

‹بۆگرۇل ئات› ئىككى بېقىنى ئاق ئات.(1- توم 628- بەت)

‹ئور ئات› ئورۇل ئات، توق قىزىل بىلەن سېرىق رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئات.(1- توم 63- بەت)

‹ئوي ئات› قارا تورۇق ئات(1- توم 69- بەت)

‹قىر ئات› بوز ئات(1- توم 425- بەت)

‹تۇم قارا ئات› تۇم قارا ئات(1- توم 440- بەت)

‹تۇم تورۇغ ئات› تۇم تورۇق ئات (1- توم 440- بەت)

‹تورۇغ ئات› تورۇق ئات (1- توم 484- بەت)

‹چىنان ئات› جەدە ئات.(1- توم 568- بەت)

‹چىنان ئات› بوز ئات، قىزىل بىلەن ئاق ئوتتۇرىسىدا. (3- توم 169- بەت)

‹تاز ئات› چىپار ئات (3- توم 203- بەت)

باشقا ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئاتلار:

‹چىلگۇ ئات› شىرغا ئات (1- توم 560- بەت)

‹بۇلاق ئات› بويى قىسقا، ئۇچىسى كەڭ ئات. (1- توم 492- بەت)

‹قۇلۇنلۇغ قىسراق› قۇلۇنلۇق بايتال، قۇلۇنى بار بايتال. (1- توم 650- بەت)

‹كەشرەگۈ    ئات› گەجگىسى يېغىر ئات (1- توم 640- بەت)
‹ئوغۇر    ئات› قاشقا ئات (1- توم 74- بەت)
‹ئۈلدۈق    ئات› تاقىسىز ئات. (1- توم 136- بەت)
‹بۈل    ئات› ئاق  پاچاق ئات. (1- توم 437- بەت)
‹تۈكۈز    ئات› پېشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات، قاشقا ئات. (1- توم 473- بەت)
‹كەتكى    ئات› تۆشلۈق ئات، بېلى ئىنچىكە، توشى كەڭ ئات، (1- توم 560- بەت)
‹باشغىل    يىلقى› ئاق باش يىلقا. (1- توم 628- بەت)
‹بۈكتەل    ئات› ساغرىسى  كەڭ ئات. (1- توم 628- بەت)
‹بۆگرۈل    ئات› ئىككى  بېقىنى ئاق ئات. (1- توم 628- بەت)
‹قىزغۇل    ئات› قىزىل  بۇرۇل ئات. (1- توم 629- بەت)
‹سىل    ئات› سۇلەي ئات. (3- توم 185- بەت)
‹ساش    ئات› شاش  ئات، ئۇركۈگەك ئات. (3- توم 207- بەت)

ئات تۈرلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىپادىسى دىيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزۇن مۇددەت چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مىللەت بولغاچقا، هايۋانلارغا قارىتا كۈچلۈك سېزىمچانلىق ۋە ئىنچىكە كۆزىتىش، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. «دىۋان»دا ئاتنىڭ هەرىكەتلىرى، بەدەن ئەزالىرى، جابدۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس سۆزلەر بار. مەسىلەن:

ئاتنىڭ هەرىكەتلىرىگە ئائىت سۆزلەر:
‹ئەسىندى› ئات  يۇلقۇندى. (1- توم 271- بەت)
‹ئىكەندى› ئات  توسۇنلۇق قىلدى. (1- توم 273- بەت)
‹ئىگەندى› بوغاز بولدى. (1- توم 274- بەت)
‹ئاتاتتى›    ئات

بولدى. ‹تاي ئاتاتسا ئات تىنۇر ئوغۇل ئەرەزسە ئاتا تىنۇر› تاي ئات بولسا ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا تىنۇر.(1- توم 277- بەت)

‹ئوقراشدى› هەممە ئاتلار ئوقرۇقلىدى. (1- توم 313- بەت.363- بەت)
‹ئوتلادى› ئوتلىدى. (1- توم 375- بەت)
‹ئاغنادى› ئات  ئېغىنىدى. (1- توم 379- بەت)

‹تاقىر   تاقىر   ئەتتى› ئات ئايىغى تاقىر ـ تۇقۇر قىلدى. (1ـ توم 468ـ بەت)
‹كۈرت   كۈرت› كۈرت ـ كۈرت، ئات يەم يېگەندە چىقىدىغان ئاۋاز. (1ـ توم 446ـ بەت)
ئاتنىڭ بەدەن ئەزالىرى ياكى ئاتتىن چىققان نەرسىلەر:
‹ئۇلۇق› ئاتنىڭ ئۇچىسى، ‹ئۇلۇق ياغىرى ئوغۇلقا قالىر› ئۇچا يېغىرى ئوغۇلغا قالار.(1ـ توم 92ـ بەت)
‹يەلىن› يېلىن، بايتال يېلىنى. (3ـ توم 28ـ بەت)
‹يالىغ› ئاتنىڭ يالى. (3ـ توم 15ـ بەت)
‹سىڭراسۇق› ئىككى كىشى ئاتقا مىنگەشكەندە، مىنگەشكۈچىنىڭ ئولتۇرغان يېرى. (3ـ توم 529ـ بەت)
‹كەرىش›ئاتنىڭ گەجگىسى، ئۇچىسى، (1ـ توم 479ـ بەت)
‹قولان   ئەتى› ئاتنىڭ تۇشلۇق تۇرىدىغان يېرى. (1ـ توم 525ـ بەت)
‹قامۇق› ئات تېزىكى. بۇ سۆز پەقەت شۇنىڭغىلا خاس. (1ـ توم 498ـ بەت)
‹باقايۇق› ئاتلارنىڭ تۇياق يۈرەكچىسى. (3ـ توم 244ـ بەت)
‹چىلەر› چىلە، ئات ئېغىلىدىكى ھۆل تېزەكلەر. (3ـ توم 320ـ بەت)
‹يۇنداق› ئات تېزىكى ، بۇ سۆز پەقەت ئات تېزىكىنىلا كۆرسىتىدۇ. (3ـ توم 59ـ بەت)
‹ئات   بىرقىغى› ئاتنىڭ پۇرقۇغى (1ـ توم 602ـ بەت)
ئات جابدۇقلىرى:
‹ئۆرك› باشۋاغ، ئات چۇشىگى. (1ـ توم 60ـ بەت)
‹مونچۇق› ئاتنىڭ بوينىغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاش، ئارسلان تىرنىقى ياكى تۇمارغا ئوخشاش نەرسىلەر.  (1ـ توم 621ـ بەت)
‹قامچى› قامچا. (1ـ توم 544ـ بەت)
‹چەتكەن› تىزگىن (1ـ توم 577ـ بەت)
‹يەلۇ› يەلى، قۇلۇنلارنى باغلايدىغان ئارقان. (3ـ توم 32ـ بەت)
‹يۇلار› جۇلار، نوختا. (3ـ توم 35ـ بەت)
‹قوۋا› تۇرك يۇگەنلىرىدىكى ئاتنىڭ بۇرنىغا تىگىپ تۇرىدىغان قېيىش. (3ـ توم 326ـ بەت)
‹ئاغىل› ئېغىل (1ـ توم 100ـ بەت)
‹ئاران› ئېغىل، قوتان. (1ـ توم 105ـ بەت)
‹ئازرىم› ئېگەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان كىگىز. (1ـ توم 144ـ بەت)

‹ئۆمزۈك› ئېگەرنىڭ ئالدى ۋە ئارقا قاشلىرى. (1- توم 142- بەت)

‹ئوتغۇن› ئېگەرنىڭ سول تەرىپىگە بېكىتىلىپ، ئۇلاغنىڭ ھالقىسى تارتىلىدىغان ئەنلىك تاسما(جىرىم). (1- توم 146- بەت)

‹تۇشاغ› ئات چۇشىكى. ئاتنىڭ ئالدى پۇتىنى چۇشەپ قويىدىغان چۇشەك. (1- توم 536- بەت)

‹چىكتەن› ئېگەر يوپۇقى. (1- توم 567- بەت)

‹كۆك› ئېگەرنىڭ كوكى. ‹ئەر سۆزى بىر ئەزەر كۆكى ئۈچ› ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئېگەرنىڭ كوكى ئۈچ. (2- توم 413- بەت)

‹يىپ› ئات باغلايدىغان ئۇزۇن ئارغامچا. (3- توم 1- بەت)

‹يۇلار› نوختا ‹يۇند باشىن يۇلارلاپ كەلدى›. ئاتنىڭ بېشىنى نوختىلاپ يە. (3- توم 10- بەت)

‹يالىغ› ئېگەرنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقا قاشلىرى. (3- توم 16- بەت)

‹تىن› تىزگىن. (3- توم 189- بەت)

‹تۇلۇڭ› توڭگە، ھالقا. يۇگەندە بولىدىغان بىر ھالقا، ئۇ ئات قۇلىقىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. (3- توم 506- بەت)

‹ئەزەرلىك› ئۇستىگە ئېگەر قويۇلىدىغان ياغاچ. (1- توم 205- بەت)

ئاتلارغا ئىشلىتىلىدىغان بۇيرۇقلار:

‹قۇررىھ قۇررىھ› تاينى چاقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ. (1- توم 10- بەت)

‹ھەچ ھەچ› تىك-تىك، ئات بېشىنى تۇتقۇزماي شاشلىق قىلغاندا ياۋاشلىتىش ئۇچۇن ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.(1- توم 422- بەت)

‹چىش چىش› ئات مىنگەن كىشى ئاتنى مىنىپ كەلگەندىن كېيىن سىيدۇرمەكچى بولغاندا شۇنداق دەيدۇ. (1- توم 432- بەت)

‹ھەچ ھەچ› چۇھ-چۇھ، ئاتلارنى ئىتتىكلىتىش ۋە غەيرەتكە كەلتۈرۈش ئۇچۇن ئېيتىلىدىغان ئىملىق سۆز. (2- توم 411- بەت)

ئات ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم قاتناش، تۇرمۇش قورالى بولغان. ئاتنىڭ ياخشى يامانلىقى دۆلەتنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئۇيغۇرلار ئاتنىڭ بېقىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەجدادلىرىمىز مال-چارۋا ئەمچىلىكى ئارقىلىق مال-چارۋىلارنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ ئەلا سورتلىقلىرىنى يېتىشتۇرگەندىن سىرت، ئۇلارنىڭ سۈتى، گۆشى ۋە باشقا ئېچكى ئەزالىرىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالىغان. مەسىلەن:

‹چىلدەي› ئاتنىڭ كۆكرىكىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يارا، داغلاپ

ساقايتىلىدۇ. (3- توم 330- بەت)

‹ئەڭدۈز› ئەندىز، يەردىن قېزىۋېلىنىپ ئاتنىڭ قورساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر خىل يىلتىز. ‹ئەڭدۈز بولسا ئات ئۆلمەس› ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس. چۈنكى، بۇ يىلتىزنى يانجىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا ئات ساقىيىدۇ. ( 1- توم 156- بەت)

‹ئەتىلكەن› ئاتلاردا بولىدىغان بەز كېسىلى(1- توم 214- بەت)

‹چىلدەك› ئاتنىڭ كۆكسىگە چىقىدىغان بىر خىل چىقان، ئۇنىڭدىن سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا ساقىيىدۇ. (1- توم 623- بەت)

‹كۆزلۈك› كۆزلۈك. ئات قۇيرۇقىدىن توقۇلغان بىر خىل تور بولۇپ، كۆز ئاغرىغان ياكى قاماشقاندا، كۆزگە تارتىۋېلىنىدۇ. (1- توم 625- بەت)

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ھەمدە تۇرمۇش بويۇملىرىنىڭ بىر قىسمى ئاتنىڭ ئەزالىرىدىن تەييارلىناتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەجدادلىرىمىز «مال-چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىپ، تېرىسىدىن جۇۋا كىيىپ، يۇڭىدىن گىلەم توقۇپ ياشايدۇ...» دەپ خاتىرىلەنگەن.«دىۋان»دىنمۇ بۇ خىل مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

‹يۇند ئەتى يىپار› ئات گۆشى ئىپار، يەنى ئات گۆشى ئىپاردەك خۇشپۇراق. پىشۇرۇلۇپ سوۋۇتۇلغاندا، ئۇنىڭدىن ئىپاردەك بىر خۇشپۇراق كېلىدۇ. (3- توم 7- بەت)

‹قازى› قېزا، ‹يۇند قازىسى ياغ› يىلقىنىڭ قېزىسى ياغدۇر. (3- توم 309- بەت)

‹قىمىز› قىمىز ، تۇلۇمدا ئېچىتىلىدىغان يىلقا سۈتى. (1- توم 474- بەت)

قۇرال-سايمانلار:

‹پۇتىق› ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم.قىمىز ساقلىنىدۇ. (1- توم 488- بەت)

‹قاسۇق› تۇرسۇق، ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم. (1- توم 497- بەت)

‹كۆزۈلدۈرۈك› كۆزلۈك، ئاتنىڭ قىلىدىن توقۇلغان شالاڭ توقۇلما.كۆز ئاغرىغان ياكى كۆز قاماشقاندا كۆزگە تارتىلىدۇ. (1- توم 686- بەت)

ئومۇمەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئاتچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە گۈللەندۈرگەن. «دىۋان»دىكى چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىققا ئائىت سۆزلەرگە قارىغاندا

كۆپ. بۇ ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاتقا دائىر سۆزلەر كالا، قوي قاتارلىق باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا كۆپ، كەڭ دائىرىلىك، سىستېمىلىق. ئاتقا ئالاقىدار ئەنئەنىۋى ئادەتلەر چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەڭ مول ۋە كۆپ خىل مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ.


پايدىلانمىلار:

[1] مەھمۇد كاشغەرى:« تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۈچ توم)ئۈرۈمچى:شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1984.1983.1981.

[2] ئابدۇقەييۇم خوجا:«غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت». ئۈرۈمچى:شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1995.

[3] ئابلىز مۇھەممەت سايرامى:«ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر». ئۈرۈمچى:شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1999.

[4] چيەنداۋ شىنسى (ئەركىن ھوشۇر تەرجىمە قىلغان):«يىپەك يولىدىكى 99 سىر». ئۈرۈمچى:شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى،1986.